**HTC HD2 يانفۇنغا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان ئاندىرويىد ROM قاچىلاش ئۇسۇلى**

**دىققەت: تۆۋەندىكى مەشغۇلاتلار يانفۇنىڭىزغا نىسبەتەن ئېغىر خەۋپ-خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ. مەشغۇلات توغرا بولماسلىق سەۋەبىدىن يانفۇنىڭىز پۈتۈنلەي كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىر قەدەر ئەتراپلىق كومپيۇتېر ۋە يانفۇن مەشغۇلات تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىسىڭىز ياكى نورمال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ئىشەنچىڭىز بولمىسا مەشغۇلات قىلماڭ!**

**ROM قاچىلاشتىن كېلىپ چىققان بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزىڭىز مەسئۇل!**

*ئۇيغۇر يۇمشاق دېتال ئىجادىيەت تورى تەجرىبىخانىسى(lab.uyghurdev.net) ئۇيغۇرچىنى يادروسىدىن قوللايدىغان ئاندرويىد ROM تارقاتقاندىن كېيىن ، ئەسلى 6.5Windows Mobile قاچىلانغان HTC HD2 غا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان ئاندرويىد ROM قاچىلاش مۇۋاپىقىيەتلىك بولدى. ئەمما 6.5WM قاچىلانغان يانفوننى يېڭىش ۋە ئاندرويىدنى قاچىلاش نىسبەتەن مۇرەككەپ مەشغۇلات بولۇپ، ئازراقلا خاتالىق كۆرۈلسە يانفون قوزغالمايدۇ. مەن تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق قاچىلىدىم.*

1-قەدەم: ئاۋال يانفوندىكى ۋە سىغىم كارتىسىدىكى بارلىق مۇھىم ھۆججەتلەرنى كومپيۇتېرغا زاپاسلىۋېلىڭ. تېلفون دەپتىرنىمۇ زاپاسلىۋېلىڭ.

يانفوننى سانلىق مەلۇمات سىمى ئارقىلىق كومپيۇتېرغا ئۇلاڭ.

بۇ يەرنى بېسىپ روم يېڭىلاش قورالىنى چۈشۈرۈڭ

ئارخىپتىن يېشىپ، sd_to_copy نىڭ ئىچىدىكى ئىككى تال ھۆججەتنى sd كارتىنىڭ غول

مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈڭ.

قاچىلىماقچى بولغان ئاندروىد رومنى Zip ھالەتتە (يەشمەيلا) sd كارتىنىڭ غول مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈڭ.

2ـ قەدەم: ئەمدى يانفوننىڭ يېشىلگەن، يېشىلمىگەنلىكىنى تەكشۈرىمىز. يانفوننى تاقاپ، بېقىندىكى ئاۋاز تۆۋەنلىتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ ئاچساق ئۈچ رەڭ ھالەتتە ئېچىلىدۇ. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك.





رەسىمدە كۆرۈنگەندەك ئىككىنجى قۇردا HSPL دېگەن خەت بار بولسا يېشىلگەن (تۈرمىدىن قاچۇرۇلغان) بولىدۇ.

يېشىلگەن بولسا بىۋاستە 3ـ قەدەمگە ئۆتۈپ كەتسەك بولىدۇ.

يېشىلمىگەن بولسا مۇنداق يېشىمىز:


يانفون كومپيۇتېرغا ئۇلانغان ئەھۋالدا يوقىردا چۈشۈرگەن روم يېغىلاش قورالىدىكى exe.RUN_2HSPL نى ئىجرا قىلىپ، چىققان كۆزنەكتىن HSPL.2.08 نى تاللاپ كېيىنكى قەدەمنى باسىمىز.





بىر ئازدىن كېيىن يانفون ئېكرانىدا We Hacked it دېگەن خەتلەر كۆرۈنسە يېشىش مۇۋاپىقىيەتلىك بولغان بولىدۇ.

3ـ قەدەم: MAGLDR يېتەكلىگۈچىسىنى قاچىلاش

يانفون كومپيۇتېرغا ئۇلانغان، يانفون ئۈچ رەڭ ھالەتكە كەلگەن ئەھۋالدا روم يېڭىلاش قورالىدىكى exe.ROMUpdateUtility\111MAGLDR نى ئىجرا قىلدۇرىمىز.




رەسىمدىكىدەك تاللاپ، كېيىنكى قەدەمنى باسىمىز.




بۇ ھالەتكە كەلسە مۇۋاپىقىيەتلىك بولغان بولىدۇ.


يانفوننى قايتا قوزغاتساق ماۋۇ رەسىمدىكىدەك بولسا MAGLDR يېتەكلىگۈچىسى مۇۋاپىقىيەتلىك قاچىلانغان بولىدۇ.





4ـ قەدەم: MAGLDR كۆزنىكىدىن 4.USB Flasher دېگەن تۈرنى تاللايمىز. (يانفوننىڭ بېقىندىكى ئاۋاز كۇنۇپكىسى ئارقىلىق يۆتكەپ، يېشىل كۇنۇپكىنى باساق بولىدۇ)




روم يېڭىلاش قورالىدىكى Recovery\DAF.exe نى ئىجرا قىلدۇرمىز. كېيىنكى قەدەمنى بېسۋەرسەك بولىدۇ. Waiting for USB connection دىگەن خەت كۆرۈنسە Recovery نى قاچىلاۋاتقان بولىدۇ.





تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك كۆرۈنسە مۇۋاپىقىيەتلىك بولغان بولىدۇ.




5ـ قەدەم: MAGLDR كۆزنىكىگە قايتىپ 1.Boot AD SD نى تاللايمىز. ClockMod Recovery تىزىملىكى كۆرۈندۇ.




ئۇ يەردىن install zip from sdcard دېگەننى تاللايمىز. ئاندىن dchoose zip from sdcar دىگەننى تاللايمىز. بۇ چاغدا بىز بىرىنجى باسقۇچتا كۆچۈرۈپ قويغان روم ھۆججىتى كۆرۈنىدۇ، شۇنى تاللايمىز. مەسلەن: Android zip.Alip ئاندىن كېيىنكى قەدەمدىكى YES نى باسساق رومنى يېڭىلاشنى باشلايدۇ.




Install from sdcard complete دىگەن خەت كۆرۈنسە يېڭىلاش مۇۋاپىقىيەتلىك بولغان بولىدۇ.

ئالدىنقى باسقۇچقا قايتىپ بېرىپ reboot system now نى باسسىڭىز يانفون قايتا قوزغىلىدۇ. ئەمدى قوزغالغىنى ئۇيغۇرچە Android

بىلىك توربىدىن كۆرەش(Koresh)